2



# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

2

# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间谚语. 下/《维吾尔民间文学大典》编委会编. －乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978－7－228－09836－1

Ⅰ.维… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族－谚语－作品集－中国－维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010493号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布勒孜.阿巴斯 等

维吾尔民间谚语 — 2 (维吾尔文)
《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 12.875印张 2插页
2006年 2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数：4,001-9,000

ISBN 978-7-228-09836-1 定价：20.00元

# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

ئۈرۈمچى
2006-يىلى

# مۇندەرىجە

ئىش ـ ئەمگەك توغرىسىدا.........................1
گەپ ـ سۆز، تىل توغرىسىدا.....................31
پەند ـ نەسىھەت توغرىسىدا......................62
ئىشچانلىق، ھۇرۇنلۇق توغرىسىدا...............98
ئاتا ـ ئانا ۋە ئائىلە ئەخلاقى توغرىسىدا..........108
كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ
جاي، يۇرۇش ـ تۇرۇش توغرىسىدا ..............143
مۇھەببەت، نىكاھ توغرىسىدا .....................159
بالىلار تەربىيىسى توغرىسىدا ...................201
سالامەتلىك، تازىلىق توغرىسىدا ...............218
بەخت ـ تەلەي توغرىسىدا .........................236
ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوشنىدارچىلىق توغرىسىدا...240
مېھمان ۋە مېھماندارچىلىق توغرىسىدا ........246
يول يۇرۇش ۋە يولداشلىق توغرىسىدا...........257
غەم ـ قايغۇ توغرىسىدا ............................259
توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، بالا ـ قازا
توغرىسىدا ..........................................263



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

بايلىق، نامراتلىق توغرىسىدا ...................266
پەسىل توغرىسىدا ......................................273
ئاسمان جىسىملىرى ۋە تەبىئەت هادىسىلىرى
توغرىسىدا ................................................281
دېهقانچىلىق توغرىسىدا ..............................286
ئورمانچىلىق توغرىسىدا.................................307
چارۋىچىلىق توغرىسىدا ..................................312
بېلىقچىلىق توغرىسىدا ..................................326
باغۋەنچىلىك توغرىسىدا.................................328
هۈنەرۋەنچىلىك توغرىسىدا ............................334
قاتناش ۋە توشۇمچىلىق توغرىسىدا.................348
سودا ـ سېتىق، ئېلىم ـ بېرىم توغرىسىدا .....352
ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتىلار سۆزى.......369
«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ماقال ـ تەمسىل
لەر ..........................................................374

# ئش ئەمگەك توغرىسىدا

ئاتىسى قۇل بولسا، بالىسى باي بولۇر.

ئاش قالسا قالسۇن، ئىش قالمىسۇن.

ئارقىدا قالدىڭ — توپىدا قالدىڭ.

ئاش كەلسە خامانلار،
ئىش كەلسە يامانلار.

ئاستا يۈرگەن تاغ ئاشار،
يۈگۈرگەن باغ (ئاشار).

ئاسان ئىشنىڭ بېشىغا،
ھەركىم بارار قېشىغا.

ئالتىنچى ئايدا ئاغرىق يوق.

— ئاش يەملا ؟
— ئىلتىپاتلىرى.
— ئىش قىلامىلا ؟
— خۇدا ساقلىسۇن.

ئاش قولى ـــ ئىش كېسىلى.

ئادەمنىڭ ھەققىنى يەر قايتۇرار.

ئالتۇن ئوتتا تاۋلىنار،
ئادەم ئەمگەكتە (تاۋلىنار).

ئانارنىڭ پوستى قاتتىق، مېۋىسى تاتلىق.

ئادەمنى ئەمگەك باقىدۇ،
ھۇرۇنلۇق چەتكە قاقىدۇ.

ئاغزىڭ چاققان بولغۇچە، قولۇڭ چاققان بولسۇن.

ئاپتاپ يەرنى تاۋلار،
ئەمگەك ئەرنى تاۋلار.

ئاشنى كۆرسە قولى قوزغىلار،
ئىشنى كۆرسە كېسىلى قوزغىلار.

ئاش كەلسە ئىچىپ كېتەر،
ئىش كەلسە قېچىپ كېتەر.

ئادەم ئىشلىمىسە بىكار،
ئىت چىشلىمىسە (بىكار).

ئاتىسى يوق ئاتا قەدرىنى بىلمەس،
ھۇرۇن جان قەدرىنى (بىلمەس).

ئالته خوتۇن بىر ئۆيده بولسا، ئېشەك تېزىكى تۆرده بولار.

ئادەمنى ئىش تونۇتار.

ئالدىراپ قىلساڭ ئىشنى،
بالدىراپ ئالىسەن قىشنى.
ئالدىراپ قىلمىساڭ ئىشنى،
تىترەپ ئالىسەن قىشنى.

ئاتمىش ئالته پەرىشتە، ھەربىرى بىر ئىشتا.

ئالتىنچى ئايدا قىچقارسا يەتتىنچى ئايدا «ھە» دېگەن.

ئالتىنچى ئايدا بىر تون تىكتىم، ئەملىدىممۇ، پەملىدىممۇ؟

ئارىدا قونۇپ سۇ ئەكەلدىم، يۇگۇردۇممۇ، ئۇچتۇممۇ؟

ئادەم قولى چۆلنى بوستان قىلار.

ئەتىگەندە ئىشنىڭ زورى،
ئاخشامسېرى ناننىڭ زورى.

ئەمگەك قىلماي ئەلدىن ئاغرىنما،
ئېكىن سالماي يەردىن ئاغرىنما.

ئەمگەكنىڭ ئۇنۇمى بىلەكتىن،
قوغۇننىڭ زورىيىشى پىلەكتىن.

ئەمگىكىڭ قاتتىق بولسا، يېگىنىڭ تاتلىق بولۇر.

ئەر ئەلگە ئەمگىكى بىلەن تونۇلار.

ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق،
ھۇرۇننىڭ جېنى تاتلىق.

ئەجىرسىز ناۋات بولماس،
ئەلسىز ئاۋات بولماس.

ئەمگىكى ئازنىڭ كۆلكىسى ئاز.

ئەجىر قىلساڭ دەرياغا بېلىق بىلۇر،
بېلىق بىلمىسە خەلق بىلۇر.

ئەزمە ئويلانغۇچە تەۋەككۈلچى مۇرادقا يېتەر.

ئەمگەك قىلساڭ ئېرىنمەي،
قارنىڭ تويار تىلەنمەي.

ئەمگەك قىلساڭ ئۆلمەيسەن،
يانغان ئوتتا كۆيمەيسەن.

ئەمگەك قىلساڭ سايرىتار،
ماي ئىچىدە يايرىتار.

ئەجىر قىلساڭ ئالارسەن پايدا،
ئەجىر قىلمىساڭ قالارسەن سايدا.

ئەمگەك قىلساڭ باغ بولۇر،
تاش يىغىلسا تاغ بولۇر.

ئەمگەك قىلساڭ ئاتىقىڭ چىقار.

ئەجىر قىل دەرياغا سال، بەختىڭنى ئاللادىن تىلە.

ئەر نەدە بولسا، ئېلى شۇ يەردە بولۇر.

باشتا ئىش قاتتىق،
ئاياغدا ئاش تاتلىق.

باي — پۇلى بىلەن ماختىنار،
ئىشچان — قولى بىلەن ماختىنار.

بالدۇر قىلساڭ ئىشىڭنى،
ئاسان ئالىسەن قىشىڭنى.

باياشات تۇرمۇش نەدە، تەر تۆككەن يەردە،
ئىسراپچىلىق نەدە، پېشانىسى تەرلىمىگەن يەردە.

باينى باي قىلغان ئۆچكە بىلەن قوي،
ھۇرۇن ئوغۇلغا نەدە بولسۇن توي.

بايلىقنىڭ ئاتىسى ئەمگەك، ئانىسى يەر.

باھاردا لاي كەچكەن قىشتا ماي ئىچەر.

باينىڭ كۆرپىسى بار،
ئىشچاننىڭ تۆھپىسى بار.

بەرگەننى چىشلىگەندىن تەر ئاققۇزۇپ كىشنىگەن ياخشى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

بەش بارمىقىم ــــ بەش گۈل.

بەرىكەت دېگەن خالتاڭدا ئەمەس، ئالىقىنىڭدا.

بوي ئىشلىمەس، قول ئىشلەر.

بۆرىدىن قورققان تاغقا چىقالماس،
جاپادىن قورققان ھۆرمەت تاپالماس.

بىر باشتا توققۇز تۈگمەن تېشى چۆرگىلەر.

بىرنى ھەركىم بېرەر،
كۆپنى ئەمگەك (بېرەر).

بىكار بولساڭ كېپەك تاسقاپ يە.

بىغەمنىڭ خۇشاللىقى كوسىغا چىققان ساقالچىلىك.

بىر كىشىنىڭ مېھنىتىدىن يۈز كىشى راھەتلىنەر.

بىكار يۈرمەڭ لاغايلاپ،
پۇلنى خەجلەڭ ئاۋايلاپ.

بىر سەن بىكار،
بىر ئىت بىكار.

بىر بىكارچى مىڭنى بىكار قىلۇر.

بېلى بوشنىڭ قورسىقى ئاچ،
ھۇرۇندىن نېرى قاچ.

بىلەك تالدۇرۇپ ئاش ئەتسەڭ، يۈرەك قاندۇرۇپ ئىچەرسەن.

بىر ئادەم ئېرىق قازسا، مىڭ ئادەم سۇ ئىچەر.

پاتقاقتىن قېچىپ سازلىققا كىرىپتۇ.

پاتمانلاپ ئىشلەڭ،
مىسقاللاپ چىشلەڭ.

پادىچىنىڭ قىزى پادا كەلگەندە مەدىكار ئىشلەر.

پۈلۈڭنىڭ كەتكىنىگە قارىماي،ئىشىڭنىڭ پۈتكىنىگە قارا.

پۇل تىلىسەڭ ئەمگەك قىل.

پۈتكەن ئىشنىڭ بېشىغا،
ياخشى كېلۇر قېشىغا.

پۇل تاپاي دېسەڭ ئىش تاپ،
تام سالاي دېسەڭ خىش (تاپ).

پىچاق تاشتا ئىتتىكلەر،
ئادەم ئىشتا (ئىتتىكلەر).

تاۋار پۇرۇچى ئاشار،
لاي پۇرۇچى ئاشماس.

تاپالىساڭ ھالال يە،
تاپالمىساڭ شامال (يە).

تاشمىلىقتا غىلدىرلاڭ،
بىكار تۇرماي مىدىرلاڭ.

تامچە سۇدا تال كۆكىرەر،
ئەمگەك بىلەن ئەر (كۆكىرەر).

تارتىنساڭ گېپىڭ قالۇر،
ئېرىنسەڭ ئىشىڭ (قالۇر).

تامچى خىش تاللار،
ھۇرۇن ئىش (تاللار).

تاماق يېگىن تويغۇچە،
ئىش قىلغىن ھارغۇچە.

تەر چىقمىسا ئېتەك تولماس.

تەر تۆكۈپ ئەمگەك قىلمىساڭ، ئۆيۈڭدە ئوزۇق يوق.
دەرەخ تىكىپ باغ قىلمىساڭ، بىر تال قوزۇق يوق.

تەردىم تېرەك، ئۇنىڭدىن چىقتى گېزەك.

تەييار گۆشنى يېگەن يولۋاس ئەمەس.

تەر ئاچچىق ـــ ھوسۇلى تاتلىق.

تۆگە سىلكىنسە ئىشەككە يۈك چىقار.

تۆگە تاپىنىدا خامان يۇمشىماس.

تۆت كەپتەرگە يەتتە كوۋۇك،
يازدا ياتقاندا قىشتا دوۋۇك.

تۈزلەڭدە تاغ يوق،
ھۇرۇندا باغ يوق.

تۆھپە قىلغانغا تۆگە تارتۇق قىل.

تۆكۈلسە تەر، ئۈنۈم بېرەر يەر.

توخۇ بىرنى تۇغۇپ شۇنچە قاقاقلار،
ئىككىنى تۇغسا قانچە قاقاقلار؟

تۆمۈرچىنىڭ مىڭ سوققىنى ــــ بازغانچىنىڭ بىر سوققىنىغا تەڭ كېلەلمەس.

تېرىغان ئۆزىدىن سورار،
تېرىمىغان كىشىدىن (سورار).

تېرىغانغا يەر قېرىماس،
ئىشلىگەنگە ئەر (قېرىماس).

تىرىشىپ ئىشلىگەن كامال تاپار،
ھۇرۇنلۇق قىلغان زاۋال تاپار.

تېمىپ تۇرسا كۆل بولۇر،
تېرىپ تۇرسا پۇل (بولۇر).

تىرىشىپ قىلساڭ ئەمگەك،
تۇرمۇشۇڭ بولار ئەلۋەك.

تىرىشساڭ تىرىلىسەن،
تىرىشمىساڭ يېرىلىسەن.

جاڭگال يوقلىغان قىشتا كۆلەر،
ئويناپ يايرىغان توڭلاپ ئۆلەر.

جېنى ئاغرىمىغاننىڭ يېنى ئاغرىماس.
جېنى بارنىڭ ئەملى بار.

چاققان جۇۋاننى بۆشۈك تۇۋىدە سىنا.

چەتتە ئىشلە، ئۆيدە يە.

چوڭ بىلەنمۇ، كىچىك بىلەنمۇ كېڭەش،
ئاخىرى ئۆز ئەقلىڭ بىلەن يەش.

چۈشكۈچە ئۆمرۈڭ بولسا، كەچكىچە ئىشلە.

چۈشۈڭگە ئىشەنسەڭ نامرات بولارسەن،
ئىشىڭغا ئىشەنسەڭ روناق تاپارسەن.

چۈمۈلىنىڭ پۇتىدىن ئۆگەن،
قۇشقاچنىڭ تىلىدىن ئۆگەنمە.

چىدىغان بۆرە ياغ يەر،
چىدىمىغان بۆرە يۇڭ يەر.

چىنە مىڭ يىل ئىشلەتسە قېرىماس،
سۇنسا بىر پۇلغا يارىماس.

چېۋەرنىڭ قولى ئالتۇن،
دانىشمەنىنىڭ سۆزى (ئالتۇن).

چىراغ پەرلىگەن خىزمەت ئەمەس.

خالاپ كۆتۈرگەن يۇكنىڭ ئېغىرى يوق.

خۇمداندا خىش تولا،
قىلاي دېسە ئىش (تولا).

خۇدا دەپ ياتقۇچە، رەببىم دەپ ئىشلە.

داستىخان سال، كۆرپە تالاش،
مېھنەت قىل، پۇل (تالاش).

دەرەخ مېۋىسى بىلەن ئەتىۋار،
ئادەم تۆھپىسى بىلەن ئەتىۋار.

دەريا سۈيى يازدا تاشار،
ئادەم قىممىتى ئەمگەكتە ئاشار.

دۇمبەڭ قىچىشسا تۇگمەنگە بار.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com